دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەشۋىقات ـ نەشرىيات كومىتېتى نەشر قىلدى

# شەرقنامە

2017 - يىلى مارت | 3 - سان

3
2017

# پائالىيەتلەر

## پارىژدىكى مەدەنىيەت كۆرگەزمىسىدە ئۇيغۇرلار



2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى فىرانسىيەنىڭ پارىژ شەھىرىدىكى ئىنالكو ئىنستىتۇتى، يەنى شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىدا تۈرك دۇنياسى كۈلتۈر كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە تۈركىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئەزەربەيجان ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار مەخسۇس بۆلۈم ئېچىپ ئىشتىراك قىلدى.

## د ئۇ ق ھەيئىتى تۈركىيەدە زىيارەتتە بولدى



2017 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ گېرمانىيەدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن رەئىسى ئۆمەر خەمىت ئەپەندى باشچىلىقىدا 8 كىشىلىك بىر ھەيئەت ئىستانبۇل ۋالىيلىقى، مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسى ئىستانبۇل شۆبىسى، ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيىسى ئىستانبۇل شۆبىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى زىيارەت قىلىپ، مۇھىم رەھبەرلەر بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ باردى. زىيارەت جەريانىدا تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلىرى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى، تەكلىپ بەردى، ئىلتىماسلار سۇندى. بۇ ھەيئەتكە ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خەيرۇللاھ ئەپەندى، باش كاتىپ دوكتور ئۆمەر قول، شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمىيىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇلھەد ئابدۇراخمان ئەپەندىلەرمۇ بىرلىكتە قاتناشتى. ئۇلار تۈركىيەدە ھۆكۈمەت ئەربابلىرى بىلەن مۇھىم ئۇچرىشىشلاردا بولغاندىن سىرت، مۇساپىر ئۇيغۇرلارنى ئالاھىدە يوقلاپ، ئۇلاردىن ھال سورىدى.

## دولقۇن ئەيسا ياۋروپا پارلامېنتىدا زىيارەتتە بولدى




7 ـ فېۋرال كۈنى د ئۇ ق باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى بېلگىيە پايتەختى برىيۇسسېلدىكى ياۋروپا پارلامېنتىدا مۇھىم ئۇچرىشىشلار ئۆتكۈزدى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتى. د ئۇ ق باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ۋەكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى خادىمى لۇسىيا خانىم بىلەن بىرگە ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى، لىبېرال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن تېرېموسا بالچېلىس ھەمدە ياۋروپا پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پېرېدا ئەپەندىنىڭ ياردەمچىسى داللا خانىم بىلەن ئايرىم ھالدا كۆرۈشتى.



بۇ قېتىمقى زىيارەتنىڭ ئاساسىي مەقسىدى؛ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ياۋروپا پارلامېنتىدا كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈش يولىدا يەنە بىر قېتىم تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئالدىنقى ئاي بىر ھەپتىلىك زىيارەت بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. دولقۇن ئەيسا ئەپەندى بۇ سۆھبەتلەردە شەرقىي تۈركىستاندا كۈنسېرى ناچارلىشىۋاتقان ۋەزىيەتنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد، مەدەنىيەت ۋە مىللىي كىملىكىگە ئائىت ساھەلەردە ئومۇميۈزلۈك باستۇرۇش ۋە چەكلىمىلەرگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدە ئىلگىرىكى يىللارغا سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە ۋەھشىلەشكەنلىكىنى مىساللىرى بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتتى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتلەردە يەنە ئىلھام توختى مەسىلىسى، «قوش تىللىق مائارىپ»، دىنىي باستۇرۇش ۋە مەسچىت چېقىش، پاسپورت يىغىۋېلىش، خىتاي-ئۇيغۇر مەجبۇرى تۇغقانچىلىق سىياسىتى، «ئۈچ خىل كۈچلەر» مەسىلىسى ۋە ھەممە يەردە ئەۋجى ئالغان ساقچى تېررورى قاتارلىقلار ھەققىدە توختالدى. 8 ـ فېۋرال ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ مىللەت ۋەكىلى، پارلامېنت تاشقى ئىشلار كومىتېتى ئەزاسى تۈنىنە كالەم شۈنداقلا پارلامېنت ئەزاسى بىلباۋ خانىم قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىشلار ئۆتكۈزۈپ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ئەتراپلىق ئاڭلاتتى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى 8 ـ فېۋرال كۈنى يەنە پارلامېنت بىناسىدا



چاقىرىلغان «خىتاينىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى ۋە بۇنىڭ تىبەت، ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىرى» ناملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ياۋروپا پارلامېنتىدا ئىلىپ بارغان بۇ 3 كۈنلۈك زىيارىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدىن كۈتىدىغان تەلەپ - ئىستەكلىرىنى بىلدۈردى ۋە پارلامېنتنىڭ خىتايغا ئۈنۈملۈك رەۋىشتە بېسىم ئىشلىتىشىنى تەلەپ قىلدى.

## رابىيە قادىر خانىم ياپونىيەدە زىيارەتتە بولدى



11 - فېۋرالدىن باشلاپ ياپونىيەنىڭ توكيو شەھرىدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم توكيودىكى ئوكۇرا مېھمانخانىسىنىڭ زىياپەت زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن تىبەت سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى لوبساڭ ساڭاينى كۈتۈۋېلىش زىياپىتىگە شەرەپ مېھمىنى بولۇپ قاتناشتى.

مەزكۇر كۈتۈۋېلىش زىياپىتىنى توكيودىكى تىبەت ئىشخانىسى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، رابىيە قادىر خانىم تىبەت سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپى بىلەن قاتناشقان شۇنداقلا زىياپەتتە تىبەت باش مىنىستىرى لوبساڭ ساڭاي بىلەن سۆھبەتتە بولغان. رابىيە قادىر خانىم يەنە 13 - فېۋرال توكيودىكى چەتئەل مۇخبىرلىرى كۇلۇبىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى چاقىرىپ، چەتئەل ۋە ياپون مەتبۇئاتلىرىغا نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ۋەزىيىتىدىن قىسقىچە دوكلات بېرىش بىلەن بىرگە، مۇخبىرلارنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە سورىغان تۈرلۈك سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەن. توكيودا چاقىرىلغان يىغىنغا رابىيە قادىر خانىمغا ھەمراھ بولۇپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن سېيىت تۈمتۈرك ۋە ئۈمىد خەمىت قاتارلىقلار قاتناشقان.

## رابىيە قادىر خانىم ياپونىيە كاماكۇرادا دوكلات بەردى

رابىيە قادىر خانىم 14 - فېۋرال كۈنى ياپونىيەنىڭ كاناگاۋا ئۆلكىسى كاماكۇرا شەھەر پارلامېنتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئۇيغۇر مەسىلىلىرى بويىچە دوكلات بەرگەن. كاماكۇرا شەھەر پارلامېنتى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان بىردىن - بىر شەھەر پارلامېنتلىرىدىن بىرى بولۇپ، رابىيە قادىر خانىم پارلامېنتتا دوكلات بەرگەندىن




كېيىن، مەزكۇر شەھەرنىڭ شەھەر باشلىقى بىلەن ئايرىم سۆھبەتتە بولغان.



## رابىيە خانىم ياپونىيە پارلامېنتىدا ئۇيغۇر مەسىلىسى بويىچە دوكلات بەردى

15 ـ فېۋرال ياپونىيە پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر مەسىلىلىرى بويىچە دوكلات بېرىش يىغىنى پارلامېنت ئالىي كېڭەش يىغىن زالىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، يىغىنغا ياپونىيە باش ۋەزىرى شىنزو ئابېنىڭ ياردەمچىسى ئېتو سېئىجى رىياسەتچىلىك قىلغان. يىغىندا ئالدى بىلەن سابىق ياپونىيە دۆلەت بىخەتەرلىكى كومىتېتىنىڭ رەئىسى، ياپونىيە پارلامېنتى ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى فۇرىيا كېيجى سۆز قىلىپ 2009 ـ يىلىدىكى 5ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇيغۇر ئېلىدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيگەنلىكىنى، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ كۈنسايىن ناچارلىشىۋاتقان سىياسىي ۋەزىيىتىگە ياپونىيە پارلامېنتى ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ يېقىندىن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. دوكلاتتىن كېيىن رابىيە قادىر خانىم ياپونىيە پارلامېنتىدىكى بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئەربابلار بىلەن ئايرىم سۆھبەتتە بولغان.

## ياپونىيە باش ۋەزىرى ياردەمچىسى بىلەن د ئۇ ق نىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى سۆھبەتتە بولدى



15 ـ فېۋرال ياپونىيە پارلامېنتىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك، ئۈمىد خەمت قاتارلىقلار ياپونىيە باش ۋەزىرى شىنزو ئابېنىڭ ياردەمچىسى ئېتو سېيىجى ئەپەندى بىلەن سۆھبەتتە بولۇپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدىكى تۈرمىلەردە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىيەنىڭ قەيسەرى شەھىرىدىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلار مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى.

## «شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى» يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى



18 ـ فېۋرال شەنبە كۈنى مەركىزى ئىستانبۇلغا جايلاشقان تۈرك دۇنياسى تەتقىقاتلىرى ۋەخپىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، «شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى» دېگەن تېمىدا يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا تۈرك ۋە ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ 300 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. يىغىندا يېقىندا شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىپ كەلگەن غازى ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ چاغداش (هازىرقى زامان) تۈرك تىل ـ ئەدەبىيات بۆلۈمى ئوقۇتقۇچىسى، پروفېسسور ئەكرەم ئاركلىئوغلى سۆز قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى ئەھۋالى ۋە دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلىرى توغرىسىدا توختالدى.

## ئۇيغۇر ۋەكىللىرى «جەنۋە ئالىي دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشى» يىغىنىدا



شۋېتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھىرىدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەركىزىدە «جەنۋە ئالىي دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشى» يىغىنى باشلاندى. د ئۇ ق باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا ۋە د ئۇ ق نىڭ ب د ت ھەم ياۋروپا ئىتتىپاقىغا مەسئۇل خادىمى كېرەم شېرىپلار بۇ يىغىنغا قاتناشتى.

21 ـ فېۋرال بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ شۋېتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھىرىدىكى مەركىزىنىڭ خەلقارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىن زالىدا باشلانغان «دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن جەنۋە ئالىي دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشى» يىغىنىنى د ئۇ ق نى ئۆز ئىچىگە ئالغان 25 خەلقارالىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، يىغىنغا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ باش مىنىستىرلىرى، ئەدلىيە مىنىستىرلىرى، ب د ت دا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى، دىپلوماتلار، سىياسىيونلار، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 500 ئەتراپىدا كىشى قاتناشقان.

## 19 تەشكىلات ب د ت دا بىرلەشمە مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلدى

21 ـ فېۋرال «جەنۋە ئالىي دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشى»غا قاتنىشىۋاتقان خەلقارالىق 19 تەشكىلات بىرلەشمە



مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ كىشىلىك هوقۇق ۋەزىيىتىگە دىققەتنى تارتتى.

خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، ئەركىنلىك ئۆيى، د ئۇ ق ۋە ئەركىن تىبەت ئوقۇغۇچىلار هەرىكىتى قاتارلىق 19 خەلقارالىق تەشكىلات بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلىپ، ب د ت كىشىلىك هوقۇق كېڭىشىگە ئەزا دۆلەتلەر ۋە كۆزەتكۈچى دۆلەتلەرنى كۆنسېرى ياماىلىشىۋاتقان خىتايدىكى كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە دىققەت قىلىشقا هەمدە خىتاينى ئۆزىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ۋە خەلقارا ئەهدىنامىلەرگە رىئايە قىلىشقا مەجبۇرلاشقا چاقىرغان.

بىرلەشمە مۇراجىئەتنامىدە، ئۆتكەن بىر يىلى خىتايدىكى ناچار كىشىلىك هوقۇق ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولمىغانلىقى كۆرسىتىلىپ، كىشىلىك هوقۇق كېڭىشىگە ئەزا دۆلەتلەر ۋە كۆزەتكۈچى دۆلەتلەردىن بىرلىكتە هەرىكەت قوللىنىپ، كىشىلىك هوقۇق كېڭىشىنىڭ 34ـ نۆۋەتلىك يىغىنىدا خىتاينى كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسىگە مەسئۇل بولۇشقا مەجبۇرلاشنى ئۈمىد قىلغان.

## ئالماتادا خەلقارا ئانا تىل كۈنى مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

21 ـ فېۋرال كۈنى خەلقارا ئانا تىل بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئالماتادىكى دوستلۇق ئۆيىدە «تىل بىرلىكى» ماۋزۇسىدا تەنتەنىلىك پائالىيەت بولۇپ ئۆتتى. قازاقىستان خەلقلىرى ئاسسامبلېيىسىنىڭ (قۇرۇلتىيىنىڭ) ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مەزكۇر مۇراسىمغا شەهەرلىك ئالىي كېڭەش ئەزالىرى، مىللىي مەدەنىيەت مەركەزلىرى، «جاراسىم» جۇمهۇرىيەتلىك ياشلار تەشكىلاتى، مەكتەپلەر، ئىجادىيەت بىرلەشمىلىرى




ۋە ئاممىۋى جەمئىيەت ۋەكىللىرى هەمدە كۆپ ساندا زىيالىيلار قاتناشتى.

## «1 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىستراتېگىيىلىك مۇهاكىمە يىغىنى»

«1 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىستراتېگىيىلىك مۇهاكىمە يىغىنى» ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار، جامائەت ئەربابلىرى، سىياسەتچىلەر ۋە زىيالىيلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن 25ـ فېۋرالدىن 27ـ فېۋرالغىچە شىمالىي سىپرۇس تۈرك جۇمهۇرىيىتىنىڭ گىرنە شەهرىدىكى لوردس پالاس مېهمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

دوكتور ئەركىن ئەكرەمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن چاقىرىلغان بۇ ئۇچرىشىشقا ئامېرىكا، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە، كانادا، نورۋېگىيە، شۋېتسىيە، شۋېتسارىيە، قازاقىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە تۈركىيە قاتارلىق 12 دۆلەتتىن 19 كىشى ئىشتىراك قىلدى. يىغىندا خەلقارا ۋەزىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى يۆنىلىشى ۋە ئۇ پەيدا قىلىدىغان ئىجابىي-سەلبىي تەسىرلەرنىڭ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك چارە-تەدبىرلەر مۇھاكىمە قىلىندى. بۇ يىغىننىڭ بۇنىڭدىن كېيىن، تېخىمۇ كېڭەيتىلگەن ھالدا داۋاملاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدا بىردەكلىك ھاسىل قىلىندى.



يىغىندا دوكتور ئەركىن ئەكرەم ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ غايىسى ۋە ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى ھەم بۇنىڭغا يېتىشنىڭ يوللىرى توغرىسىدا تەييارلىغان ئۈچ قەدەملىك ئىستراتېگىيىلىك پىلانلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بەردى. ئۇچرىشىش ئەھلى ئۆزگىرىۋاتقان خەلقارا ۋەزىيەت ۋە ئۇيغۇرلار ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ چىقىش يولى توغرىسىدا ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى ھەمدە خىتاينىڭ ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا مۇزاكىرىلەر ئېلىپ باردى.

# غۇلجا ئىنقىلابى مۇناسىۋىتى بىلەن نامايىشلار

## ئامېرىكىدا «5 - فېۋرال ۋەقەسى» نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى

ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ۋاشىنگتون شەھىرى، ۋىرجىنىيە شىتاتى ۋە باشقا قوشنا شىتاتلاردىن كەلگەن ئۇيغۇرلار 3 - فېۋرال ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش ئېلىپ باردى.

## غۇلجا ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن گېرمانىيەدە نامايىش

غۇلجىدا يۈز بەرگەن قانلىق باستۇرۇش ۋەقەسىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدىكى خىتاي باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا ميۇنخېن ھەم ئەتراپ شەھەرلەردىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ھەمدە بىرقىسىم تۈرك تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئىشتىراكىدا 100 ئەتراپىدا كىشى 4 - فېۋرال كۈنى نارازىلىق نامايىشى ئېلىپ باردى.

## كارلسرۇھەدا پائالىيەت ئۆتكۈزۈلدى

5 - فېۋرال كۈنى گېرمانىيەنىڭ كارلسرۇھى شەھرىدە غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 20 يىللىقى خاتىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىلىش ئۆتكۈزۈلدى. د ئۇ ق باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى تۇرغۇنجان ھاجىمقاتارلىق بىر گورۇپپا كىشى ئالايتەن مىيۇنخېن شەھرىدىن كېلىپ پائالىيەتكە قاتناشتى.

## شۋېتسىيەدە «5 - فېۋرال غۇلجا ۋەقەسى» خاتىرلەندى

شۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ 2017 - يىلى 5 - فېۋرال يەكشەنبە كۈنى شۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ پائال ھەمكارلىشىشى ئاستىدا تەكلىماكان ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىگە يىغىلىپ غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرلەپ، ۋەقەدە ھاياتىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلدى.

## ياپونىيەدىكى 5 چوڭ شەھەردە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

ياپونىيە ئۇيغۇر بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 4 - فېۋرال كۈنى ياپونىيەنىڭ توكيو، ئوساكا، فۇكۇئوكا، ناگاساكى ۋە ئوكىناۋادىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ۋە كونسۇلخانىلىرى ئالدىدا خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

## قەيسەرى شەھرىدە غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 20 يىللىقى خاتىرلەندى

تۈركىيەنىڭ قەيسەرى شەھرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى غۇلجا ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس باياناتى ئېلان قىلغاندىن سىرت، ئۇيغۇرلار مەسچىتكە جەم بولۇپ قۇران تىلاۋىتى قىلىپ خاتىرلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

## گوللاندىيەدىكى ئۇيغۇرلار غۇلجا ۋەقەسىنى خاتىرلىدى

2017 - يىلى 5 - فېۋرال كۈنى گوللاندىيەدىكى ئۇيغۇرلار ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتى تەرىپىدىن «غۇلجا ۋەقەسى» نى خاتىرلەش ۋە «تۈرك مىللەتچىلىكى ھەققىدە ساۋات» قاتارلىق پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلدى.

## تورونتودىكى ئۇيغۇرلار نامايىشى ئۆتكۈزدى

كانادانىڭ تورونتو شەھرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر جامائىتى، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئاسسىمىل- ياتسىيە ۋە بېسىم سىياسىتىگە قارشى ئەركىن دۇنيادا ئۆز نارازىلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، تورونتودىكى خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى.

## ئىستانبۇلدا غۇلجا شېھىدلىرىنى خاتىرىلەش مۇراسىمى

5 -فېۋرال يەكشەنبە كۈنى غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 20 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىستانبۇلدا 5 - فېۋرال غۇلجا شېھىدلىرىنى خاتىرلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مۇراسىم شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، مۇراسىمغا ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن ئەر - ئايال بولۇپ 400 ئەتراپىدا كىشى قاتناشتى.

## ئاۋستىرالىيە پارلامېنتى ئالدىدا خىتايغا قارشى نامايىش

ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادىلايىت شەھرىدىكى جەنۇبىي ئاۋستىرالىيە پارلامېنتى ئالدىدا خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشنى ئادىلايىت شەھرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى تەشكىللىگەن بولۇپ، نامايىشقا يۈزدىن ئوشۇق ئۇيغۇر قاتناشتى. نامايىشچىلار قوللىرىدا ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى كۆتۈرۈپ خىتايغا قارشى تۈرلۈك شوئارلارنى توۋلاپ، مەركۈر ۋەقەگە دائىر تەشۋىقات ۋاراقچىلىرىنى تارقاتتى.

## گوللاندىيەدە نامايىش ئېلىپ بېرىلدى

گوللاندىيەدىكى ئۇيغۇرلار 6-فېۋرال دۈشەنبە كۈنى گوللاندىيەنىڭ دەنھاخ شەھرىگە جايلاشقان خىتاي باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا 5-فېۋرال غۇلجا ۋەقەسىنى خاتىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن نامايىش قىلدى. پائالىيەتنى گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر بىرلىكى تەشكىلاتى تەشكىللىدى. ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتى ھەمدەمدە بولدى.

## ياپونىيەدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

4 -فېۋرال توكيونىڭ شىنجۇكو رايونىدىكى يىغىن زالىدا ياپونىيەدە پائالىيەت ئېلىپ

بېرىۋاتقان ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 5-فېۋرال غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەقسىتىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلغان بولۇپ، يىغىندا ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىلھام ماھمۇت 5-فېۋرال غۇلجا ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ باستۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت مەزكۇر ۋەقەگە دائىر بىر قاتار مەسىلىلەر توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغان.

## ئاۋستىرالىيەدە شېھىدلار كېچىلىكى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

5-فېۋرال كۈنى كەچتە ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادىلايت شەھىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «شېھىتلار كېچىلىكى» قۇر.ان تىلاۋەت قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن. پائالىيەتكە قاتناشقان بىر قىسىم ئۇيغۇر جامائىتى ۋە ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن شاھىدلار، بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى بايان قىلغان.

## قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى غۇلجا پاجىئەسى قۇربانلىرىنى ئەسلىدى

12-فېۋرالدا ئالماتا شەھىرىنىڭ سۇلتانقورغان مەھەللىسىدە ئورۇنلاشقان كافېخانىلارنىڭ بىرىدە خاتىرىلەش پائالىيىتى بولۇپ ئۆتتى. ئالماتا شەھىرى ۋە ناھىيەلەردىن كەلگەن ۋەكىللەر قاتناشقان مەزكۇر پائالىيەتتە شېھىت بولغانلارغا ئاتاپ قۇران ئوقۇلغاندىن كېيىن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسىنىڭ قازاقىستان بويىچە ئورۇنباسارى ئەركىن ئەخمەتوف غۇلجا ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەم سەۋەبلىرى ھەققىدە دوكلات قىلدى.

## ميۇنخېندا دۇنيا خەۋپسىزلىك يىغىنى مۇناسىۋىتى بىلەن نامايىش ئېلىپ بېرىلدى

ئىلھام توختى گورۇپپىسىنىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان ئەپەندى بىلەن ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇنھاجىملار ميۇنخېندا 17-فېۋرال باشلانغان دۇنيا خەۋپسىزلىك يىغىنى مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىن مەيدانىغا يېقىن جايدا ئۆز ئالدىلىرىغا ئىككى كىشىلىك نامايىش ئېلىپ باردى. بۇ نامايىش ئۈچ داۋاملاشتى. 3 كىشىدىن ئارتۇق ئىنساننىڭ نامايىش قىلىشى بىخەتەرلىك تۈپەيلى چەكلەنگەن بولغاچ، نامايىشقا كۆپ ساندا ئۇيغۇرلارنىڭ قاتنىشىشى مۇمكىن بولمىدى.

# شەرقىي تۈركىستاندا

## گۇمىدا خىتايلارغا قارشى ھۇجۇم ۋەقەسى يۈز بەردى

14 ـ فېۋرال گۇما ناھىيىسىدە 3 نەپەر ئۇيغۇر خىتاي خادىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، 5 كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە 5 كىشىنى يارىلاندۇرغان. خىتاي قوراللىق كۈچلىرى ۋەقە سادىر قىلغان 3 ئۇيغۇرنى نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلىغان. ۋەقەنىڭ سەۋەبى، جەريانى ئېنىق ئەمەس. ۋەقەدىن كېيىن خىتاي دائىرىلىرى خوتەن، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئەسكەرىي مانېۋىر ۋە ساقچىلارنىڭ تېررورغا قارشى قەسەمياد يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلققە تەھدىت سالدى. گۇما ۋەقەسى يېقىنقى 2 ئاي ئىچىدە يۈز بەرگەن 3 ـ قېتىملىق زور قانلىق ۋەقە.

## 9 ـ فېۋرال يېڭىساردا پالتىلىق ھۇجۇم ۋەقەسى يۈز بەردى

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان تېررورلۇققا قارشى قەسەمياد يىغىنى ۋە ھەربىي كۈچ كۆرسىتىشلىرىنىڭ سەۋەبىنىڭ يالغۇز گۇما پىچاقلىق ھۇجۇم ۋەقەسى ئەمەسلىكى، بۇ تۈردىكى قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ يېقىنقى ھەپتىلەردە يېڭىسار ۋە غۇلجا قاتارلىق كۆپلىگەن جايلاردىمۇ يۈز بەرگەنلىكى ئاشكارىلاندى. مەزكۇر ۋەقەلەردىن بىرى 9 ـ فېۋرال كۈنى چۈشتىن كېيىن يېڭىسار دوختۇرخانىسىدا يۈز بەرگەن پالتىلىق ھۇجۇم بولۇپ، ۋەقەدە ئاز دېگەندە 4 كىشى ئۆلۈپ، بىر كىشى يارىلانغان. ھۇجۇمچىنىڭ 30 نەچچە ياش چامىسىدىكى ناۋاي مەمەت ئەلى ئىكەنلىكى مەلۇم.

## خىتاي 7 كىشىنى ئىنتېرنېت قوللانغانلىقى ئۈچۈن جازالىدى

خىتاينىڭ يەرشارى ۋاقتى گېزىتى يېقىندا بەش نەپىرى ئۇيغۇر، ئىككىسى خىتاي جەمئىي 7 كىشىنى ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرى ئارقىلىق دىنىي رادىكاللىق ۋە باشقا زىيانلىق ئۇچۇرلارنى ساقلاش ۋە تارقىتىش جىنايىتى بىلەن جازالىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ 5 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ 21 ياشتىن 34 ياشقىچە ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسىنىڭ ئايال ئىكەنلىكى مەلۇم. ئەگىرتاغ تورى بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە، بەش نەپەر ئۇيغۇرنىڭ تېررورلۇق، زوراۋانلىق، دىنىي رادىكاللىق ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ئائىت ئۈن، سىن ماتېرىياللىرىنى كۆرگەنلىكىنى، ئۈنى تېلېفونىدا ساقلىغانلىقىنى ۋە ھەمبەھىرلىگەنلىكىنى، ئارىدىكى بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۈندىداردىكى «مېھرى» ناملىق توپتا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي رادىكاللىقنى تەرغىب قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

## خىتاينىڭ تازىلاش ھەرىكىتى كۈچەيمەكتە

خىتاي يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر كادىرلار بىلەن زىيالىيلارغا قاراتقان يەنە بىر قېتىملىق «تازىلاش» ھەرىكىتىنى كۈچەيتمەكتە. 9 ـ فېۋرال كۈنى چىن چۈەنگو مۇقىملىق مەسىلىسى ھەققىدە سۆز قىلىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە بايرىقى روشەن بولۇشىنى، «ئىككى يۈزلۈك گۇرۇھلار» بىلەن «ئىككى يۈزلۈك شەخسلەر» نى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشنى تەكىتلىگەن. شۇ كۈنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى ساتتار داۋۇت ھەمدە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ساقچى ۋە دۆلەت ئىچى خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 6 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارنى «ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىش» جىنايىتى بىلەن تەكشۈرۈشكە ئالغانلىقىنى ئېلان قىلغان. بۇ خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر كادىرلىرىغا قاراتقان كوللېكتىپ «تازىلاش» ھەرىكىتىنىڭ قېپىالغاچ ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇر.

## خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا 4گ تور ئېقىمىنى تاقىدى

خىتاي تېلېفون مۇلازىمەت شىركەتلىرى ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى قول تېلېفون ئابونتلىرىغا ئۇچۇر يوللاپ، 4گ تېز سۈرەتلىك تور ئېقىمىنىڭ تاقالغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇچۇردا، 4گ سىناق مۇلازىمەت باسقۇچىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى، مەزكۇر سىستېما تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەندىن كېيىن قايتا ئېچىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. ئەمما قاچان ئېچىلىدىغانلىقىنى ئېيتمىغان. 9 ـ فېۋرال «لىيەنتوڭ» شىركىتىنىڭ دەلىللىشىچە، نۆۋەتتە 4گ مۇلازىمىتى ئۇيغۇر رايونىنىڭ «ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، كورلا قاتارلىق 3 ۋىلايەت، 2 ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا تاقالغان.» ئەمما 4گ قارامايى، شىخەنزە، كۈيتۈڭ قاتارلىق خىتاي كۆچمەنلەر نوپۇسى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ شەھەر، رايونلاردا مۇلازىمەتتىن توختىمىغان.

## ئوقۇغۇچى بەختىيار رەھمىتۇللاھ قاماق جازاسىغا ئۇچرىغان

20 ياشلىق بەختىيار رەھمىتۇللا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» نىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۇ بۇنىڭدىن 10 نەچچە ئاي ئاۋۋال قولغا ئېلىنىپ، قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. بەختىيار رەھمىتۇللانىڭ دېيىلىشىدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ قەيت قىلىشىچە، ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا تېلېفونىدىن تەبلىغ ۋە باشقا دىنىي مەزمۇنلارنىڭ چىقىپ قېلىشى ياكى ساۋاقداشلىرىغا دىنىي تەبلىغ قىلىشى سەۋەب بولغان. ئۇنىڭ قانچە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى ۋە ھازىر قايسى تۈرمىدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەردە تولۇق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەس.

# مەتبۇئاتلاردا

## پروفېسسور ئېلليئوت سپېرلىڭ قازا قىلدى



تىبەتشۇناسلىق ساھەسىدە خەلقارادا ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملاردىن بىرى شۇنداقلا تىبەتلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرى بويىچە تونۇلغان پائالىيەتچى، پروفېسسور ئېلليئوت سپېرلىڭ 1-ئاينىڭ 31-كۈنى نيۇيوركتا ۋاپات بولدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پروفېسسور سپېرلىڭنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا قايغۇرۇپ ئېلان قىلغان باياناتىدا، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ۋە تىبەت دەۋاسىغا ھەقىقىي ئۆزىنى بېغىشلىغان دوستى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ئېلليئوت سپېرلىڭ 1951-يىلى نيۇيوركتا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىگىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ئىلگىرى بېيجىڭغا بېرىپ، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دوتسېنتى، ئاتاقلىق ئۇيغۇر زىيالىيسى ئىلھام توختى بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ، ئىلھام توختىنىڭ ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىغا زىيارەتچى ئالىم سۈپىتىدە كېلىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىلھام توختى سەپەردىن توسۇپ قويۇلغان ئىدى.

## ختاي رابىيە خانىمنىڭ تەيۋەن زىيارىتىگە ئىنكاس قايتۇردى

يېقىندا تەيۋەندىكى «ئىنتىپاق جەمىيىتى» دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى رابىيە قادىر خانىمنى 3-ئاي ئىچىدە تەيۋەندە زىيارەتتە بولۇشقا تەكلىپ قىلغان بولۇپ، بۇگۈن ختاي ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق تەيۋەن ئىشلىرى باشقارمىسى 8 - فېۋرال بۇنىڭغا جىددىي ئىنكاس قايتۇردى. «ختاي خەۋەرلىرى تورى» توردا ئېيتىلىشىچە، ختاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق تەيۋەن ئىشلىرى باشقارمىسى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەن. يىغىندا مۇخبىرلار رابىيە خانىمنىڭ تەيۋەن زىيارىتىگە ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ قانداق قارايدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورىغاندا، تەيۋەن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باياناتچىسى ئەن فېڭشەن ختاي ھۆكۈمىتى «رابىيە قادىرنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى تەيۋەن زىيارىتىگە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. تەيۋەن مۇستەقىلچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانچىلارنىڭ كاتتىۋېشى، شۇنداقلا سېپى ئۆزىدىن مىللىي بۆلگۈنچى بولغان رابىيە قادىردەك بىر شەخسنى تەيۋەنگە تەكلىپ قىلىشى، شۈبھىسىزكى، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى يامانلاشتۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

## شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاپتوموبىللارغا «ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسى» ئورۇنلاشتۇرۇلدى

ختاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى يۈك ئاپتوموبىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئاپتوموبىللارغا «بېيدۇ سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش بىخەتەرلىك نازارەت سىستېمىسى» (گپس) ئورۇنلاشتۇرۇشنى قارار قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ، خەلقارا مەتبۇئاتلارنىڭ ۋە ختاي ۋەزىيىتى كۆزەتكۈچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە بىر قىسىم كۆزەتكۈچىلەر بۇ سىستېمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى سۇيىئىستېمال قىلىنىش ئېھتىماللىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

## خوتەن ۋىلايىتىدە ھەرقانداق گۇمانلىق ئادەم ۋە ئەھۋاللارنى پاش قىلىشنىڭ باھاسى ئۆستى

ختاي ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، «تېررورلۇق، زوراۋانلىق» قا دائىر يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگەنلەرنى يۇقىرىسى 5 مىليون سومغىچە مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ئۇقتۇرۇشتا خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەرگە تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىنىڭ قىممىتىگە قاراپ تۇرۇپ يەنە ئوخشىمىغان باھالار بېكىتىلگەن بولۇپ، كۆزەتكۈچىلەر ئۇنى «تېررورلۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەمەس، تېررورلۇق پەيدا قىلغانلىق» دېدى.

## خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك، مەدەنىيەت ھوقۇقلىرىنىڭ ئېزىلىپ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى

خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىدا، ختاينىڭ 2017ـ2016ـ يىللىرى كىشىلىك ھوقۇقنى داۋاملىق باستۇرۇپ، پائالىيەتچىلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلارنىڭ داۋاملىق سىستېمىلىق نازارەت قىلىش، پاراكەندىچىلىك سېلىش، قورقۇتۇش، قولغا ئېلىش، تۇتقۇن قىلىش نىشانى بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈردى. دوكلاتتا قەيت قىلىنىشىچە، بۇ مەزگىل ئىچىدە غەيرىي رەسمىي تۇرمىلەردە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلار كۆپەيگەن. بەزىدە ئۇلارنىڭ ئۇزۇن مەزگىل ئادۋوكاتى بىلەن كۆرۈشۈشى چەكلىنىپ، تۇتقۇنلارنىڭ تەن جازاسى ۋە قوپال مۇئامىلىگە ئۇچراش خەۋپى كۈچەيگەن. دۆلەتنىڭ كونتروللۇقى سىرتىدىكى دىنىي پائالىيەتلەرنى باستۇرۇش ئەۋجىگە چىققان. «تېررورلۇق» ۋە «ئەسەبىيلىك»كە قارشى تۇرۇش نامىدىكى دىنىي باستۇرۇش تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئالاھىدە ئېغىرلاشقان.

## ئەركىنلىك سارىيى ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان دىنىي ئېتىقاد دەپسەندىچىلىكىنى تەنقىدلىدى

28 ـ فېۋرال ئامېرىكىدىكى ئەركىنلىك سارىيى تەرىپىدىن ئېچىلغان «ختايدىكى مەنىۋىيەت كۈرەشلىرى» ناملىق يىغىندا، ختاي رەئىسى شى جىنپىڭ تەختكە چىققاندىن بۇيان، ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى باستۇرۇش كۈچەيتىلگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان دىنىي ئېتىقاد دەپسەندىچىلىكى ۋەزىيىتى ئەنسىزلىك پەيدا قىلغانلىقى تەكىتلەندى. مەزكۇر يىغىندا ختاي رەئىسى شى جىنپىڭ تەختكە چىققان 2012ـ يىل نويابىر ئېيىدىن بۇيانقى 5

يىل ئىچىدە، دىنىي ئېتىقادقا قارىتىلغان چەكلىمە-بەلگىلىمىلەر كۆپەيتىلگەنلىكى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى، تىبەت بۇددىستلىرى، فالۇڭگۇڭ مۇرىتلىرى ۋە يەر ئاستى خرىستىيان كاتولىك تەشكىلاتلىرىنىڭ زەربە نىشانى قىلىنغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

## د ئۇ ق باياناتچىسى خىتاينىڭ تېرورلۇققا زەربە بېرىش قەسەمياد يىغىنىنى ئەيىبلىدى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتچىسى دىلشات رىشىت 27-فېۋرال ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق شەھەرلەردە ئۆتكۈزۈلگەن 10 مىڭ كىشىلىك ئاتالمىش «تېرورلۇققا زەربە بېرىش قەسەمياد يىغىنى» نى ئۇيغۇرلارغا قوراللىق ھەيۋە كۆرسىتىش، دەپ ئەيىبلىدى. ئۇ سۆزىدە «خىتاي دائىرىلىرى تانكا، برونېۋىكلىرى ئارقىلىق قوراللانغان يۇقىرى تېخنىكىلىق ھەربىي قوشۇن ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا ھەيۋە كۆرسەتمەكتە. مانا بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئويغىنىپ، رايون ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلەشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە ئەنسىرەش ئىچىدىكى خىتاي دائىرىلىرى بۇ زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلارنى دۈشمەن ئورنىغا قويۇپ، بۇ مىللەتكە جەڭ ئېلان قىلماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىنى توختىتىشى، دۇنيا جامائىتى بۇ ۋەزىيەتكە جىددىي دىققەت قىلىشى كېرەك» دېدى. 2017-يىل كىرىشى بىلەنلا خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ ساقچى قاتارلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ۋە خىتاي كۆچمەنلىرىگە قارشى پىچاقلىق ھۇجۇم ۋەقەلىرى يەنە يۈز بەردى.





ھۇجۇم نىشانىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىي باستۇرۇشىنىڭ ئىجراچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا قارىتىلىشى خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئەنسىرەتكەن بولسا، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ۋەھىمىسىنى كۈچەيتكەن. 9-فېۋرال قەشقەردە يۈز بەرگەن پالتىلىق چاناش ۋەقەسى ۋە 14-فېۋرال خوتەن گۇمىدىكى پىچاقلىق ھۇجۇمدىن كېيىن، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېڭىدىن بەلگىلەنگەن خىتاي ئەمەلدارى چېن چۈەنگو مۇقىملىقنى قوغداش چاقىرىقى ئاستىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەردە قوراللىق ھەيۋە كۆرسىتىش، تېرورلۇققا زەربە بېرىش قەسەمياد يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان ئىدى.

## خىتاي چېگرىدا بارماق ئىزى ئېلىشنى يولغا قويدى

خىتاي ج خ مىنىستىرلىقى 10-فېۋرالدىن باشلاپ چېگرادىن كىرگەن چەتئەل پۇقرالىرىنىڭ بارماق ئىزىنى ئېلىشنى رەسمىي يولغا قويغان. خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بارماق ئىزى ئېلىش ئالدى بىلەن شىنجېن ئايرودرومى قاتارلىق بىر قىسىم چېگرا ئېغىزلىرىدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ، ئاندىن خىتايدىكى باشقا چېگرا ئېغىزلىرىغا كېڭەيتىلىدىكەن. خىتاي ج خ مىنىستىرلىقى ئوتتۇرۇشىدا، بۇ بەلگىلىمە چېگرا

باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، بۇ تەدبىرنىڭ نۇرغۇن دۆلەتلەردە يولغا قويۇلغانلىقىنى تەكىتلىگەن. لېكىن بەزى ئانالىزچىلار، بۇ تەدبىرنىڭ نۇقتىلىق ئۇيغۇر، تىبەت مۇھاجىرلىرىنى ۋە چەتئەللەردىكى خىتاي ئۆكتىچىلىرىنى نىشان قىلغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈردى.

## تۇرغۇن ئالماسنىڭ چەكلەنگەن 3 كىتابى تۈركىيەدە نەشر قىلىندى




داڭلىق شائىر ۋە تارىخچى تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابلىرى د ئۇ ق تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە قايتا نەشر قىلدۇرۇلدى. تۇرغۇن ئالماسنىڭ بۇ ئەسەرلىرى، 1986 ـ ، 1987 ـ ۋە 1989 ـ يىللىرى قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەنى قىلىنىپ يىغىۋېلىنغان ئىدى.

## «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق ئەسەر تۈركىيەدە يەنە نەشر قىلىندى




ئەدىب ئەخمەت بىن مەخمۇت يۈكنەكى يازغان «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق ئەسەر يېقىندا تۈركىيەدە «ھازىرقى زامان تۈرك تىلى بىلەن ئەتەبەتۇل ھەقايىق ـ ھەقىقەتنىڭ ئىشىكى» نامى بىلەن نەشر قىلىندى. ئىستانبۇلدىكى ئۆتۈكەن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كىتابنى ياشار چاغبايىر تەييارلىغان بولۇپ، كىتاب ئوقۇرمەنلەر ئاسان چۈشەنسۇن دەپ ئامىباب تۈركچە بىلەن تەييارلانغان. 71 بەتلىك كىتاب ئۈچ بابتىن تەركىپ تاپقان.

## «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ناملىق كىتاب نەشر قىلىندى.

يېقىندا ئالماتادا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ناملىق كىتاب نەشر قىلىندى. مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى مارات يۇسۇپوف بولۇپ، ئۇ بۇ ئەمگەكنى ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، يەنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە خىزمەت قىلغان ئابدۇرېھىم كېرىم ۋە نازىلە رائۇف قىزى ئوسمانوۋاغا بېغىشلىغان. 223 بەت ھەجىمگە ئىگە بۇ كىتابتا، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ 1930 ـ ۋە بولۇپمۇ 1940 ـ يىللاردىكى تارىخىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە قاتناشقان 150 تىن ئوشۇق شەخسنىڭ سۈرىتى ھەم قىسقىچە ئۆمۈر باياني، شۇ دەۋرنى يورۇتىدىغان 120 دىن ئوشۇق سۈرەت بېرىلگەن.



د ئۇ ق نەشرىيات ـ تەشۋىقات كومىتېتى تۈزدى
گېرمانىيە ـ ميۇنخېن | 2017 ـ يىلى، مارت.

Dunya Uyghur Qurultiyi Teshwiqat - Neshriyat Komitéti neshr qildi

# XEWERNAME

2017 - Yili Mart | 3 - San

3
2017